# پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دېدى

سەئىد بىن ھىشام بىن ئامىر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەندە مۇنداق دېدى: ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ماڭا پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن بولسىلا؟ دېگەن ئىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: سەن قۇرئان ئوقۇمامسەن؟ دېدى، ئۇ كىشى: ئەلۋەتتە ئوقۇيمەن دېدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:«پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دېدى.

[تېكىست توغرا] [ئۇزۇن ھەدىسنىڭ جۈملىسىنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

مۇمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، ئۇ كىشىگە ئەتراپلىق بىر سۆز بىلەن جاۋاپ بەردى، سوئال سورىغۇچىنى مۇكەممەل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلىغان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام قۇرئان كەرىم ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان، قۇرئان كەرىم بۇيرىغاننى تولۇق ئادا قىلاتتى، قۇرئان كەرىم چەكلىگەن نەرسىلەردىن يىراق بولاتتى، ئەخلاقى قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە توختاش، ئەدەپلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىش، كەلتۈرگەن مىسال ۋە قىسسىلەردىن ئىبرەت ئېلىش ئىدى.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee